شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى
تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتى 2003 - يىلى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن

مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى



1 - يىللىقلار ئۈچۈن

1 - قىسىم

# ئېلىپبە

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى



# ئېلىپبە

1- يىللىقلار ئۈچۈن 1- قىسىم

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

## مەجبۇرىيەت مائارىپى تەجرىبە دەرسلىكلىرىنى تۈزۈش - تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى


ھەيئەت مۇدىرى : ساتتار ساۋۇت

مۇئاۋىن مۇدىرى : غوپۇر ھاشىم جاڭ چياڭ

ھەيئەت ئەزالىرى : جاۋ مىڭ ما ۋېنخۇا

ماۋ ۋېنشىن ئابدۇرازاق سايىم

ما شېڭشۇ ئابلىمىت قاسىم

شيا پىن نۇرباقىت قادىر

ئەكبەر سىراجىدىن مىجىت مۇھەممەد

جاڭ يۈجيې ئەخەت سالى

قابىلقاق سادىق ماقاداس ئاقان

دىلشات خالىدىن

* * *

تۈزگۈچىلەر : ماھىبەدەر مەخمۇت
ئايشەم پەيزۇللا

مۇھەررىرى : ماھىبەدەر مەخمۇت

مەسئۇل مۇھەررىرى: ھامۇت ياسىن

مەسئۇل كوررېكتورى : ئايشەم ئاۋۇت

بەت لايىھەلىگۈچى ،
گۈزەل سەنئەت تەھرىرى: ئادىلجان ئايىت

خەتتات : ئادىلجان ئايىت

رەسسام : خالىل ئابدۇقادىر
ئابدۇراخمان ئابلىز

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : شاھىدە يۈسۈپ

# نەشرىياتتىن

قولىڭىزدىكى «ئېلىپبە» دەرسلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بېكىتكەن مەجبۇرىيەت مائارىپى «تىل - ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى»گە ئاساسەن تۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە كونكرېت يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات ئورنى بىلەن شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى بۇ دەرسلىكنى بىرلىكتە تۈزدى. بۇ دەرسلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتتى.

بۇ دەرسلىكنى تۈزۈشتە، دۆلەتنىڭ دەرس ئۆلچىمىنى ئاساس قىلىپ، كۆپ خىل ئۇچۇر مەنبەلىرى ۋە ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىش، يېڭى پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى مۇۋاپىق گەۋدىلەندۈرۈش كۆزدە تۇتۇلدى؛ بىلىم ۋە قابىلىيەت، جەريان ۋە ئۇسۇل، ھېسسىيات، پوزىتسىيە ۋە قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەربىيىلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، مەزمۇن جەھەتتە ئەمەلىي قوللىنىشقا ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىندى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش جەريانىغا باشتىن - ئاخىر كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەممە ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئىجابىي تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆگىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇشقا، شۇنداقلا دەرس ئىسلاھاتى ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

1. ئېلىپبەنىڭ باش قىسمىغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ تەپسىلاتى، ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن خەنزۇ تىلى پىنيىن ھەرپلىرى، خەلقئارالىق

ترانسكرىپسىيەسىنىڭ سىلىشتۇرما جەدۋىلى ۋە ھەرپلەرگە ماسلاشتۇرۇلغان رەسىملەر بېرىلدى. بۇنداق قىلىشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئېلىپبە»نى ئېچىش بىلەنلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ تەپسىلاتىنى، سىلىشتۇرما ھەرپ ۋە رەسىملەرنى كۆرۈپ ساۋات چىقىرىشقا بولغان قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغان دوستلارنىڭ «ئېلىپبە»نى ئۆگىنىشىگە قولايلىق يارىتىش نەزەردە تۇتۇلدى.

2 . «ئېلىپبە»گە مەكتەپكە كىرىش تەربىيەسى ۋە ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش مەزمۇن قىلىنغان رەسىملەر بېرىلدى . ئوقۇغۇچىلارغا كىتاب ئوقۇش ۋە خەت يېزىشتا توغرا قىياپەتنى ساقلاش ، ئۆگىنىش قوراللىرىنى ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردە ياخشى ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش تەربىيەسى بېرىش تەكىتلەندى .

3 . «ئېلىپبە»گە «دەسلەپكى مەشىق» ئورۇنلاشتۇرۇلدى . بۇ مەشىقتە ئوقۇغۇچىلار ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپ قۇرۇلما بەلگىلىرى ۋە ھەرپ قۇرۇلما سىزىقلىرىنىڭ ئۈستىدىن يېزىپ ، دەسلەپكى قەدەمدە قول كۆندۈرۈش مەشقى ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەندى .

4 . ھەرپ ئۆگىنىش ، تېز ساۋات چىقىرىشنى كۆزدە تۇتۇپ ، سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى بىلەن ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى ماس ھالدا كىرىشتۈرۈلۈپ ، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ دەرسلىكتىكى ئوقۇتۇش تەرتىپى» بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلدى .

ئۆگەنمەكچى بولغان شۇ بەتتىكى سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى قىزىل رەڭ ، ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى زەڭگەر رەڭ بىلەن ئىپادىلەندى ، ھەربىر ھەرپنىڭ يالغۇز شەكلىگە تەسۋىرى رەسىم ، ھەرپ شەكىللىرىنىڭ يېزىلىش تەرتىپى ۋە شۇ شەكىل ئىشلىتىلگەن سۆز ، رەسىم بېرىلدى .

ھەربىر ھەرپكە ماس مەشىقلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، بۇ مەشىقلەرگە «مەنمۇ تاپالايمەن»، «يازالايمەن»، «ئوقۇيالايمەن» دېگەنگە ئوخشاش تەلەپلەر قويۇلدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشىگە، ئۆزىنى ئىپادىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىلدى. ھەربىر ھەرپ بېرىلگەن بەتنىڭ ئاستىدا شۇ ھەرپ ئىشلىتىلگەن سۆزلەر رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، بالىلارنىڭ كۆزىتىش، سۆزلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش كۆزدە تۇتۇلدى. ھەرپ قۇرۇلما سىزىقلىرىغا ئاساسەن، بىرنەچچە ھەرپ بىر گۇرۇپپا قىلىنىپ، «مەشىق باغچىسى» بېرىلدى. بۇ مەشىق باغچىلىرى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتۈلگەن ھەرپلەرنى تەكرارلىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ساۋاتىنى تېز چىقىرىش كۆزدە تۇتۇلدى.

5. «ئېلىپبە»گە يەنە ئۇيغۇر تىلى ئاساس بىلىملىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل تاۋۇشلىرى ۋە ھەرپلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشى، ھەرپلەرنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە بوغۇم توغرىسىدىكى دەسلەپكى بىلىملەرگە ئېرىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

6. ئومۇمىي تەكرارلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكرارلاپ پىششىقلىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

7. «ئېلىپبە»نىڭ ئاخىرىدا ئومۇمىي مەشىقلەر بار. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساۋاتى چىقىش بىلەن تەڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىلدى.

8. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «ئېلىپبە»نى ياخشى ئىگىلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساۋاتىنى تېز چىقىرىشى ئۈچۈن «ئوقۇتقۇچىلار پايدىلىنىش قوللانمىسى» ئىشلەندى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ «ئېلىپبە»نى ۋە پايدىلىنىش قوللانمىلىرىدىكى مەزمۇنلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئېلىپبە ئوقۇتۇشىدا

يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.
بۇ دەرسلىكنى تەكشۈرۈش ـ بېكىتىشكە شىنجاڭ ئۇن-
ۋېرسىتېتىدىن ئازات رەخمىتۇللا سۇلتان، ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدىن تۇرنان قاسىم، شىنجاڭ
مائارىپ نەشرىياتىدىن ھامۇت ياسىن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك
مائارىپ ئىدارىسىدىن جېلىل ئابدۇراخمان، ئۈرۈمچى شە-
ھىرى تيانشان رايونلۇق ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدىن
رەيھان ھەمزى، شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئابدۇ-
قېيۇم توختىھاجى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 21-باشلانغۇچ
مەكتەپتىن ئاسىيە ئابلىز قاتارلىق مول ئوقۇتۇش تەجرىبى-
سىگە ئىگە پروفېسسور، ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى، ئالىي دەرى-
جىلىك ئوقۇتقۇچى ۋە مۇتەخەسسىسلەر قاتناشتى. بىز بۇ
دەرسلىكنىڭ نەشر قىلىنىشىغا قىزغىن ياردەمدە بولغان
ئورۇنلارغا، ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرگەن ۋە قىممەتلىك
تەكلىپ پىكىرلەرنى بەرگەن ئالىملارغا، مۇتەخەسسىسلەرگە
ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز!
قولىڭىزدىكى «ئېلىپبە» دەرسلىكى مەجبۇرىيەت مائا-
رىپى بويىچە دەرس ئىسلاھاتى تەجرىبە رايونلىرىدىكى مەك-
تەپلەرنىڭ 1- يىللىقلىرىنىڭ 1- ئوقۇش مەۋسۇمىدا ئىشلى-
تىلىدۇ. كېيىنكى نەشرىدە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈ-
رۈشىمىز ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە ئوقۇتۇش
تەتقىقاتى خادىملىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە تەتقىق
قىلىش جەريانىدا بايقىغان مەسىلىلەرنى نەشرىياتىمىزغا
ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ، قىممەتلىك تەكلىپ، پىكىر بېرى-
شىنى ئۈمىد قىلىمىز.

2003 - يىل 6 - ئاي

# مۇندەرىجە


ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى .............................. (1)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن خەنزۇتىلى پىنيىن ھەرپلىرى
ۋە خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيىسىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى ....... (3)

مەكتەپكە كىرىش تەربىيىسى ............................. (5)

ئېلىپبە ناخشىسى .................................. (11)

دەسلەپكى مەشىق ( قول كۆندۈرۈش ئۈچۈن ) ............. (12)

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ دەرسلىكتىكى ئوقۇتۇش تەرتىپى
ۋە ھەرپلەر ئوقۇتۇشى ............................ (14)

مەشىق باغچىسى .................. (5,12,18,23,28,33,39,44)

ئۇيغۇر تىلى ئاساس بىلىملىرى ........................ (46)

ئومۇمىي مەشىق .................................. (47)

قوشۇمچە : ئۇيغۇر 32 ھەرپىنىڭ يېزىلىش تەرتىپى ................ (72)

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى 32 ھەرپتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ ھەرپلەرنىڭ تەرتىپى، شەكلى ۋە نامى تۆۋەندىكىچە:

| تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | بېشىدىن ئۇلانغاندىكى شەكلى | بېشى ۋە ئايىغىدىن ئۇلانغاندىكى شەكلى | ئايىغىدىن ئۇلانغاندىكى شەكلى | نامى | تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | بېشىدىن ئۇلانغاندىكى شەكلى | بېشى ۋە ئايىغىدىن ئۇلانغاندىكى شەكلى | ئايىغىدىن ئۇلانغاندىكى شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا // ا | | | ـا // ـئا | ئا | 14 | ش | شـ | ـشـ | ـش | شې |
| 2 | ئە // ە | | | ـە // ـئە | ئە | 15 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | غې |
| 3 | ب | بـ | ـبـ | ـب | بې | 16 | ف | فـ | ـفـ | ـف | فې |
| 4 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | تې | 17 | ق | قـ | ـقـ | ـق | قې |
| 5 | ت | تـ | ـتـ | ـت | پې | 18 | ك | كـ | ـكـ | ـك | كې |
| 6 | ج | جـ | ـجـ | ـج | جې | 19 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | گې |
| 7 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | چې | 20 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ | ڭې |
| 8 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | خې | 21 | ل | لـ | ـلـ | ـل | لې |
| 9 | د | | | ـد | دې | 22 | م | مـ | ـمـ | ـم | مې |
| 10 | ر | | | ـر | رې | 23 | ن | نـ | ـنـ | ـن | نې |
| 11 | ز | | | ـز | زې | 24 | ھ | ھـ | ـھـ | | ھې |
| 12 | ژ | | | ـژ | ژې | 25 | ئو // و | | | ـو // ـئو | ئو |
| 13 | س | سـ | ـسـ | ـس | سې | 26 | ئۇ // ۇ | | | ـۇ // ـئۇ | ئۇ |

| تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | بېشىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | باش ۋە ئايىغىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | ئايىغىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | نامى | تەرتىپى | ئايرىم شەكلى | بېشىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | باش ۋە ئايىغىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | ئايىغىدىن ئۇلىنىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 27 | ئۆ // ۆ | | | ۆ // ئۆ | ئۆ | 30 | ئې // ې | ئېـ // ېـ | ـېـ // ـئېـ | ـې // ئې | ئې |
| 28 | ئۈ // ۈ | | | ۈ // ئۈ | ئۈ | 31 | ئى // ى | ئىـ // ىـ | ـىـ // ـئىـ | ـى // ئى | ئى |
| 29 | ۋ | | | ـۋ | ۋې | 32 | ي | يـ | ـيـ | ـي | يې |

# سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى

ئا ئە ئې ئى ئو ئۇ ئۆ ئۈ

# ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى

ب پ ت ج چ خ د ر

ز ژ س ش غ ف ق ك

گ ڭ ل م ن ھ ۋ ي

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسى بىلەن خەنزۇتىلى پىنيىن ھەرپلىرى ۋە خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيىسىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

| ئۇيغۇرتىلى ئېلىپبەسى | خەنزۇ تىلى پىنيىن ھەرپلىرى | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | رەسىم | ئۇيغۇرتىلى ئېلىپبەسى | خەنزۇ تىلى پىنيىن ھەرپلىرى | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | رەسىم |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئا | a | [A] [ɑ] |  | د | d | [d] |  |
| ئە | | [ɛ] [æ] |  | ر | r | [r] |  |
| ب | b | [b] |  | ز | z | [z] |  |
| پ | p | [pʻ] |  | ژ | | [ʒ] |  |
| ت | t | [tʻ] |  | س | s | [s] |  |
| ج | j | [ʤ] |  | ش | x | [ʃ] |  |
| چ | q | [ʧ] |  | غ | | [ʁ] |  |
| خ | h | [χ] |  | ف | f | [f] |  |

| ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى | خەنزۇ تىلى پىنيىن ھەرپلىرى | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | رەسىم | ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسى | خەنزۇ تىلى پىنيىن ھەرپلىرى | خەلقئارالىق ترانسكرىپسىيە | رەسىم |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ق | | [q‘] |  | ئو | o | [ɔ] [o] |  |
| ك | k | [k‘] |  | ئۇ | u | [ɷ] [u] |  |
| گ | g | [g] |  | ئۆ | | [ø] |  |
| ڭ | ng | [ŋ] |  | ئۈ | ü | [Y] [y] |  |
| ل | l | [l] |  | ۋ | w | [v] |  |
| م | m | [m] |  | ئې | e | [e] |  |
| ن | n | [n] |  | ئى | i | [I] [i] |  |
| ھ | | [h] [ɦ] |  | ي | y | [j] |  |

# مەكتەپكە كىرىش تەربىيىسى



# بايراق چىقىرىش مۇراسىمى



# ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرەيلى





# ئوقۇش قوراللىرىنى ئاسرايلى

















# ئېلىپبە ناخشىسى

خارىس ئاشۇرنىڭ مۇزىكىسى





# دەسلەپكى مەشىق

## ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپ قۇرۇلما بەلگىلىرى

## ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپ قۇرۇلما سىزىقلىرى



# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ دەرسلىكتىكى ئوقۇتۇش تەرتىپى

ئا ن ت ئە ر ز ئو س

ش ئۇ ب پ ئۆ ئۈ ي ئى

ئې م ج چ خ غ ق ف

د ھ ۋ ژ ل ك گ ڭ

ئوقۇغۇچىلارغا ھەرپلەرنى تېز تونۇتۇش بىلەن بىللە، ئۆگىنىپ ئىگىلىگەن ھەرپلەرنى قوشۇپ سۆز ياساش ۋە سۆزلەرنى ئوقۇشقا بالدۇرراق كىرىشتۈرۈش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى بىلەن ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىنى مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ دەرسلىكتىكى ئوقۇتۇش تەرتىپى تۈزۈلدى ھەمدە مۇشۇ ھەرپ تەرتىپى بويىچە تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

# ئا ا ـا ـئا





ئارا



ئات





ئالما

ئۈنئالغۇ



«ئا» ھەرپى بار سۆزلەرنى مەنموتاپالايمەن .



يېزىپ باقاي

ئا ا ـا ـئا





نـ ـنـ ـن ن







ناغرا كېپىنەك





تېيىن قوغۇن



«ن» ھەرپى بار سۆزلەرنى مەنمۇ تاپالايمەن .



يېزىپ باقاي

نـ ـنـ ـن ن





ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

ن + ا = نا

نان

ئا + نا = ئانا



# ﺗ ﺘ ﺖ ﺕ



توشقان



كەپتەر



ئىت



پۇت



«ت» ھەرپى بار سۆزلەرنى تېپىپ باقايلى.



يېزىپ باقاي

ﺗ ﺘ ﺖ ﺕ

ت + ا =





ئات تات ئا + تا تا + نا

# ئە ە ـە ـئە





ئەتلەس دەپتەر پەلەي مەشئەل

«ئە» ھەرپى بار سۆزلەرنى تېپىپ باقايلى.

يېزىپ باقاي

ئە ە ـە ـئە

نـ+ـە = تـ+ـە =



ئەت

ئە+نە

ئە+تە

# 1. مەشىق باغچىسى



بۇ ھەرپلەرنىڭ يېزىلىشىدىكى پەرقىنى بىلىۋالدىم.

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئا | ا | ـا | ـئا | نـ | ـنـ | ـن | ن |
| ئە | ە | ـە | ـئە | تـ | ـتـ | ـت | ت |



رەسىملەر بىلەن ئۇلارنىڭ نامىنى سىزىق ئارقىلىق تۇتاشتۇرالايمەن.

نان ئاتا ئانا ئات











ئۆگەنگەن ھەرپلەردىن پايدىلىنىپ ھەمكارلىشىپ سۆز تۈزۈپ باقايلى.






تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن.

ئاتا تانا تات. ئانا ئەنە نان.

ر ـر







راكېتا      شىر



«ر» ھەرپى بار سۆزلەرنى ئويلاپ تېپىپ باقاي.



يېزىپ باقاي

ر ـر

ر + ا

ر + ە



ئەر      تەر      رەت

ئا + را      رە + نا      ئا + نار



# ز ز





ئىز

زىراپە



«ز» ھەرپى بار سۆزلەرنى مەنمۇ تاپالايمەن.



يېزىپ باقاي

ز ز



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

ز < ا / ە

ئەز   ئاز

زەر   زار

ئا+زات

ئە+ر+زان





# ئو ـو ـو ئو



ئوق    دوپپا    توز    رادىئو



«ئو» ھەرپى بار سۆزلەرنى تېپىپ باقاي.



يېزىپ باقاي

ئو و ـو ئو



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

ئون ئوت تون

ئو+را نو+تا ئو+تا

ئاتا ئوت ئوتا.



# سـ ـسـ ـس س








سامسا سامساق ريلس داس



«س» ھەرپى بار سۆزلەرنى مەنمۇ تاپالايمەن .



يېزىپ باقاي

سـ ـسـ ـس س

س+ا= س+ە= س+و=

سان سات سەن سوت

ئا+سان سا+نا ئاس+تا



شـ ـشـ  ـش ش

   

شاپتول ئىشتان چىش تاش



«ش» ھەرپى بار سۆزلەرنى ھەممىدىن كۆپ تاپالايمەن.



يېزىپ باقاي

ش شـ ـشـ ـش

ش — ا / ە / و

ئاش تاش

ئەش تەش شار

شو+ را

شو+ تا



# ئۇ ۇ ـۇ ـئۇ





ئۇسسۇل دۇمباق بۇغا مەسئۇد



«ئۇ»ھەرپى بار سۆزلەرنى تېپىپ باقايلى.



يېزىپ باقاي ئۇ ۇ ـۇ ـئۇ

نـ تـ سـ شـ — ـۇ

ز ر — ـۇ

ئۇن سۇ تۇز

تۇر+نا ئۇ+زۇن ئو+تۇن



زۇنۇن سۇ ئۇس.

# 2. مەشىق باغچىسى



تۆۋەندىكى ھەرپلەرنىڭ پەرقىنى بىلىۋالدىم .

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ـر | ر | ئو | ـو | و | ئو | س | ـس | ـسـ | سـ |
| ـز | ز | ئۇ | ـۇ | ۇ | ئۇ | ش | ـش | ـشـ | شـ |







تۆۋەندىكى نەرسىلەرنىڭ نامىنى سىزىق بىلەن تۇتاشتۇرالايمەن .







تۇرنا ئارا شوتا ئانار سائەت شار







ئوقۇيالايمەن

ئات ئاس نان تات ئەر تەر تار ئون ئۆن

ئور سۇ زور تەس ئەت تاش ئەش سان

سانا ئاتا ئانا شوتا ئازات ئاستا

رەنا سەئەت ناشتا ئاتتا ئۆتتۆن توشۇ

رەسىمگە قاراپ جۈملىلەرنى ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن.

ئەسئەت سائەت ئاس.

ئانا ئاش ئەت.



# ب ﺑ ﺒ ﺐ









بۇغداي بۇلبۇل ئەدىب كىتاب



ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ «ب» ھەرپى كېلىدىغان سۆز تۈزۈپ باقايلى.



يېزىپ باقاي

ب ﺑ ﺒ ﺐ



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

ب — ا / ە

ب — و / ۇ

باش بار بەش بەت بەر

بوش بور بوز



ﭘ ﭙ  ـپ پ

   

پاشا تاشپاقا يىپ داپ



ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ «پ» ھەرپى كېلىدىغان سۆز تاپايلى.



يېزىپ باقايلى

ﭘ ﭙ ـپ پ

پ — ا ، ە

پ — و ، ۇ

پات تاپ پەس پەن پەش پۇت توپ

پار+تا ئار+پا پا+شا





# ئۆ ۆ ـۆ ـئۆ

   

ئۆتۈك نۆشە كۆز قارىئۆرۈك

 يېزىپ باقاي

ئۆ ۆ ـۆ ـئۆ

تـ+ۆ= بـ+ۆ= پ+ۆ= ز+ۆ= سـ+ۆ=

## تۆت ئۆت ئۆس سۆز

## ئۆتـ+نە بۆ+رە





# ئۈ ۈ ۈ ئۈ

3  

ئۈچ ئۈزۈك گۈل



يېزىپ باقاي

ئۈ ۈ ۈ ئۈ



«ئۈ» سوزۇق تاۋۇش ھەرپىگە ئۆگەنگەن ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىنى ئۇلاپ بوغۇم تۈزۈپ باقاي.



ئۈن ئۈز تۈن تۈز

سۈت سۈز

ئۈ+ زۈش

ئۈ+ نۈش

# 3. مەشق باغچىسى



ھەرپلەرنىڭ پەرقىنى بىلىۋالدىم.

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئو | و | ـو | ئو |
| ئۇ | ۇ | ـۇ | ئۇ |
| ئۆ | ۆ | ـۆ | ئۆ |
| ئۈ | ۈ | ـۈ | ئۈ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| بـ | ـبـ | ـب | ب |
| تـ | ـتـ | ـت | ت |
| پـ | ـپـ | ـپ | پ |



ھەمكارلىشىپ سۆز تۈزۈپ باقايلى

بە ( ) ( ) پ
( ) ( )
( ) ( )

ئۆ ( ) ئو ( ) = ن
( ) ئۇ ( )
( ) ئۈ ( )



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

بازار بوران بوستان

ساپان ئۆتنە پاشا ئۆنۈش

ئۈزۈش ئۆتۈش ئۈستۈن پاراسەت



## بۇ رەسىملەرنىڭ نامىنى يازالايمەن











## ئۆگەنگەن سۆزلەردىن ئۈنتى يېزىڭلار

بۇ رەسىملەرگە قاراپ جۈملىلەرنى ئوقۇيالايمەن .

**رەنا سۇ ئۈز. بارات توپ تەپ.**





# يـ ـيـ  ـي ي

  

يولۋاس ئەدىيال شەرقىي چاي

 يېزىپ باقاي يـ ـيـ ـي ي

 ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

ئاي باي ساي ياش ياپ



يا+سا يا+شا

يا+زاي يا+تاي

يۇسۇپ ئاتا ئۆي ياسا.

# ې ئېـ ېـ ـېـ ـې ې ئې






ئېشىك ئېدىش گىلاس شېئىر تىككۈچى

يازدى

يېزىپ باقاي

ئېـ ېـ ـېـ ـې ې ئې

ئوقۇپ باقايلى، يېزىپ باقايلى.

ئېس   ئې+شى   ئا+تې+سى

ئېت   ئات+نى   ئا+نې+سى

ئېش   يا+سىن   ئې+نې+سى





# ئې ې ې ئې ې ې ئې ئې



ئېلىپبە  دېڭىز  تېرەك

قوشئېرىق      خۇاڭخې      جۇدې

ئې ې ې ئې ې ې ئې ئې



يېزىپ باقاي



ئۆگەنگەن ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىنى «ئې» سوزۇق تاۋۇش ھەرپىگە ئۇلاپ بوغۇم تۈزۈپ باقايلى.



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

ئېتى   ئېشى   ئېيى   تېشى

تېشىنى   يېشىنى   بېشىنى



# 4. مەشىق باغچىسى

بۇ ھەرپلەرنىڭ يېزىلىشىدىكى پەرقىنى تېپىڭلار.

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ي | ـي | | ـيـ | يـ | |
| ئې | ـئې | ې | ـې | ـئېـ | ـېـ | ېـ | ئېـ |
| ئى | ـئى | ى | ـى | ـئىـ | ـىـ | ىـ | ئىـ |

ئوقۇيالايمەن

ي: ئا، سا، تا، يا، ئو، با، ئۇ

ش: تا، يا، با، ئا، شا

يازالايمەن

ئىـ ( ـت ) ( ) ( )

ئېـ ( ـشى ) ( ) ( )




تۆۋەندىكى ھەرپلەرنى ئوقۇپ، سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنى قىزىل رەڭ بىلەن، ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلەرنى زەڭگەر رەڭ بىلەن بوياڭلار.

ئوقۇيالايمەن

## ياساي ئىشنى باشنى باراي ساتاي
## ياناي ئېتەي يازاي يۇسۇپ بەشنى سانا.

ئۆگەنگەن ھەرپلەرگە ئاساسەن سۆزدىن ئوننى يازاي.

مـ ـمـ  ـم م

   

مىلتىق مايمۇن سىم قەلەم



ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ «م» ھەرپى كېلىدىغان سۆز تاپايلى.

 يېزىپ باقاي

مـ ـمـ ـم م



ئوقۇيالايمەن

مـ — ا، ە، ۇ، ۆ

ما — ش، ي، س، ت



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

مەي مەش مىس پەم نەم تام




ئاس+مان ئوس+مان

ئى+نىم

مانا ماشىنا .

جـ ـجـ  ـج ج

  

جەرەن بۆلجۈرگەن تاج

ج ج ج ج يېزىپ باقاي 



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

جاي جان تاج باج

مىجىت نىجات مىجەز جۈرئەت

ئەنجۈر

پىشتى.



# چ ـچـ ـچ چ





چاچ







چۆمۈچ چېچەك قىلىچ



يېزىپ باقاي

چ ـچـ ـچ چ



ئوقۇيالايمەن

چ — ا ، ە ، ى ، ي

چ — و ، ۇ ، ۆ ، ۈ



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

## چاي چاپ چىش ئۈچ

چا+نا چە+نە چا+پان ئار+چا

چىمەن چاي ئىچتى.



خـ ـخـ  ـخ خ

  

خۇرجۇن ئاشخانا بىخ دەرەخ

 يېزىپ باقاي

| |
|---|
| خـ ـخـ ـخ خ |



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

خەت شاخ خاس خەپ

پاخ+تا ناخ+شا خې+مىر خۇش+خۇي



خەمىت خامان تەپتى.

# 5. مەشىق باغچىسى

بوُهەرپلەرنىڭ هەممە شەكىللىرىنى يازالايمەن .

م

ج

چ

خ

## دوستىنى تېپىپ بېرەيلى




چاي

تاج

شاخ

شام

خوراز تارىخ مىجىت ئوسما چۆمۈچ



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن .

(　　　) (　　　) (　　　) (　　　)






تەركىبىدە «م، ج، چ، خ» ھەرپلىرى بار سۆزلەرنى تاپالايمەن



ئوقۇيالايمەن .

مەريەم خەت ياز. مەن چۆچۈرە ئىچتىم.



بۇ رەسىمدىكىلەرنىڭ
نامىنى يازالايمەن





______　______







______　______　______



# غـ ـغـ ـغ غ

   

غىلاپ يامغۇر تىغ تاغ



يېزىپ باقاي

غـ ـغـ ـغ غ



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

باغ سوغ غار چىغ

ئې+غىز چام+غۇر تام+غا

غە+يە+رەت يو+غان غۇن+چەم

غاپ+پار يا+غاچ





# قـ ـقـ ـق ق

   

قول چاشقان قېيىق قوشۇق

قـ ـقـ ـق ق


يېزىپ باقاي


ئوقۇيالايمەن

قا — ر / ق / ش

قو — ي / ش / پ

قا+ر+غاي قاي+چا قار+ماق قاي+ماق

قاسىم تىرىشىپ ئوقۇ.



# ف ـف ـفـ فـ







فىكوس دەرىخى          يانفون          تېلېگراف

يېزىپ باقايلى

| ف | ـف | ـفـ | فـ |
|---|---|---|---|

ئوقۇيالايمەن.

فو+تو  فون+تان  فار+فور  نې+فىت

ئاف+رى+قا  نو+رى+يوف  فران+سى+يە



ئەسكەرتىش: «ف» ھەرپى ئاساسەن تەقلىد سۆزلەر ۋە چەت ئەل تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز-ئاتالغۇلارنى ، ئىسىملارنى يېزىشتا قوللىنىلىدۇ.

# 6. مەشىق باغچىسى

بۇ ھەرپلەرنىڭ يېزىلىشىدىكى پەرقىنى بىلىۋالدىم .

| | | | |
|---|---|---|---|
| غ | ـغ | ـغـ | غـ |
| ف | ـف | ـفـ | فـ |
| ق | ـق | ـقـ | قـ |

سۆز تۈزەلەيمەن




بېرىلگەن سۆزلەرنى ئوقۇپ، كۈز مەنزىرىسىنى سىزىڭ .





رەسىملەر بىلەن ئۇلارنىڭ نامىنى سىزىق ئارقىلىق تۇتاشتۇرالايمەن.






| | | | |
|---|---|---|---|
| بايراق | قاغا | فونتان | چىغىر |
| توشقان | يانفون | قايچا | قېيىق |
| قىغ | پۇف | ئاپئاق | قوي |








«غ · ف · ق» ھەرپلىرىنىڭ ھەربىرىگە ئۈچتىن سۆز يېزىڭ .





# د ـد

دىنوزاۋر پېدىگەن



يېزىپ باقاي



«د» ھەرپىگە سوزۇق تاۋۇشلارنى قوشۇپ بوغۇم تۈزەلەيمەن.



دا — ن، پ، س

ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

دۇ+تار دو+را دوپ+پا

دەپ+تەر دوس+تۇم

چاي+دان خۇم+دان بار+دى



دۇتار، داپ نەغمىسى.

ھ ـھـ





ھالقا دېھقان





يېزىپ باقاي

ھ ـھـ



«ھ» ھەرپىگە سوزۇق تاۋۇشلارنى قوشۇپ بوغۇم تۈزۈپ باقاي .



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

ھا+شىم ھې+ساپ ھۇ+رۇن

مېھ+مان با+ھار مېھ+نەت



ھەسەن، ھۈسەن ھەرە تارتتى.



ئاپا ! ...

ھەرە! ...

# ۋ ۋ





ۋازا



سېۋەت

ۋ ۋ



يېزىپ باقاي



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

ۋ — ا، ە، ې

ۋا+زا ۋە+دە ۋە+تەن

تا+ۋۇز نا+ۋات ھا+ۋا

چار+ۋا ھار+ۋا



# ژ ژ





ژۇرنال

پىژ-پىژ






يېزىپ باقاي



ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ «ژ» ھەرپى كېلىدىغان سۆز تاپايلى.



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

غاژ-غۇژ غۇژ-غۇژ

پۇر+ژى+نا پا+رىژ بۇژ+غۇن



ھەدەم پارىژدا

ئوقۇۋاتىدۇ.

ئەسكەرتىش: «ژ» ھەرپى ئاساسەن تەقلىد سۆز ۋە چەت تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، ژانىر، پۇرژىنا، چېرتيوژ قاتارلىقلار

# 7. مەشىق باغچىسى



بۇ ھەرىپلەرنىڭ قالغان شەكلىنى يازالايمەن.

د ۋ

ھ ژ



سۆزلەر ئىچىدىن
بۇ ھەرىپلەرنى تاپالايمەن

د ۋ

ھ ژ






رەسىمدىكىلەرنىڭ نامىنى يازالايمەن.

   

   



تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قانچە ھەرىپتىن ۋە قانچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن.

مېھمان چارۋا دېھقان بوۋژغۇن

لـ ـلـ ـل ل





لۆڭگە بېلىق زەمبىل شال



يېزىپ باقاي

ـل ـلـ ـل ل





ئا
ئە
ما
تا

ل

ئال+ما ئا+لما ئې+لان

ياغ+لىق دەز+مال لا+لە

چې+لان لا+چىن



لەتىپە چەت ئەل تىلىنى بىلىدۇ.



# كـ ـكـ ـك ك








كەمپۇت سومكا كەكلىك چېلەك



يېزىپ باقاي

كـ ـكـ ـك ك



ئوقۇيالايمەن
ھەم يازالايمەن

كەل كەت كەس كۆز
كا+مال كەت+مەن كۆ+تەك كا+ۋا
مەك+تەپ ئىك+كى كۆ+مۈر ئۆ+رۈك



كامال مەكتەپكە كېتىۋاتىدۇ.

# گ گـ  ـگـ ـگ



گالستۇك كىگىز چىگ ئەگ



يېزىپ باقاي

گ گـ ـگـ ـگ



توقۇيالايمەن
ھەم يازالايمەن

گەپ گال گۈل گۆش

ئەم+گەك لەگ+لەك گې+زىت

گە+لەم ئۆل+گە گۈ+زەل سە+گەك



# ڭ ڭ ڭ ڭ



   

ساڭزا يىڭنە خاسىڭ يەڭ

 

ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ «ڭ» ھەرپى كېلىدىغان سۆز تاپايلى.

ڭ ڭ ڭ ڭ



يېزىپ باقاي



ئوقۇيالايمەن ھەم يازالايمەن

ساڭ+زا سىڭ+لىڭ يې+ڭى يا+ڭاق

با+راڭ غا+زاڭ بۇ+لۇڭ يا+لاڭ

## ئالىم بولساڭ، ئالەم سېنىڭكى.



# 8. مەشىق باغچىسى



بۇ ھەرپلەرنىڭ يېزىلىشىدىكى پەرقىنى بىلىۋالدىم.

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ـك | ـكـ | كـ | ك | ـل | ـلـ | لـ | ل |
| ـڭ | ـڭـ | ڭـ | ڭ | ـگ | ـگـ | گـ | گ |



بىر بوغۇملۇق سۆز تۈزەلەيمەن






«ل، ك، گ، ڭ» ھەرپلىرىنىڭ ھەر بىرىگە ئىككىدىن سۆز تۈزۈڭلار.



بوغۇمغا ئايرىيالايمەن

| | | |
|---|---|---|
| گېزىت | كىتاب | جاڭگال |
| ______ | ______ | ______ |
| شەپەرەڭ | لامپۇچكا | كېپىنەك |
| ______ | ______ | ______ |



بۇ رەسىمدىكىلەرنىڭ نامىنى يازالايمەن .

























رەسىمگە قاراپ سۆزلىيەلەيمەن

# ئۇيغۇر تىلى ئاساس بىلىملىرى

## تىل تاۋۇشلىرى ۋە ھەرپ

سۆزلەرنى تەشكىل قىلىدىغان تاۋۇشلار تىل تاۋۇشلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

تىل تاۋۇشلىرىنىڭ يېزىقتا ئىپادىلىنىشى ھەرپ دېيىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا 32 ھەرپ بولۇپ، ئۇنىڭ سەككىزى سوزۇق تاۋۇش ھەرپى، 24 ى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى.







## بوغۇم

سۆزلەر ئېغىزدىن بىر ۋە بىر قانچە بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ چىقىدۇ. سۆزنىڭ ئاشۇ بۆلەكلىرى بوغۇم دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ بىر بوغۇمىدا بىرلا سوزۇق تاۋۇش ھەرپى بولىدۇ.

# ئومۇمىي مەشق



سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى بىلەن ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىنى ئايرىپ يېزىڭ.




## بىلىۋالدىم

### ئا ــ ئە

سان  ئال  ئانا  تاپتى  ئات  ئاتا

سەن  ئەل  ئەنە  تەپتى  ئەت  ئەتە

# ئو-ئۆ

بول تول ئوي ئور تور توش ئوت

بۆل تۆل ئۆي ئۆر تۆر تۆش ئۆت

# ئۇ-ئۈ

ئۇن ئۇز تۇل تۇز

ئۈن ئۈز تۈن تۈز

# ئې-ئى

ئېتى ئېشى تېز سېزىش

ئىتى ئىشى تىز سىزىش

بۇ هايۋانلارنىڭ نامىنى يازالايمەن.













بېرىلگەن سۆزلەرگە ئاساسەن رەسىمنى تولۇقلاپ سىزىڭلار .



| | |
|---|---|
| قاش | چاچ |
| ئېغىز | قۇلاق |
| بويۇن | بۇرۇن |

مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى سىزىق ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇڭلار .

يورۇق
قىپقىزىل
ئۇماق
بالا
ئۆي
گۈللەر
چىمەنزار
قار
ئالما
رەڭگارەڭ
ئاپئاق
ياپيېشىل

تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، ھەربىر سۆزنىڭ نەچچە ھەرپتىن تۈزۈلگەنلىكىنى (　) ئىچىگە يېزىڭلار.

پالتا　ئانار　ئۈزۈم　ئەسقەر　كۆل

(　)　(　)　(　)　(　)　(　)

تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ، ئۇ سۆزلەرنىڭ نەچچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى (　) ئىچىگە يېزىڭلار.

كۆۋرۈك　ئېلىپبە　ئايروپىلان　ئەمگەك

(　)　(　)　(　)　(　)

بايراق　ئوقۇدى　دەرس　دېھقان

(　)　(　)　(　)　(　)

ئۈزۈڭلار بىر بوغۇملۇق سۆزدىن تۆتنى، ئىككى بوغۇملۇق سۆزدىن ئالتىنى، ئۈچ بوغۇملۇق سۆزدىن تۆتنى تېپىپ يېزىڭلار.

ئېلىپبە ناخشىسىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراپ، تۆت پەسىلنىڭ بىر-بىرىدىن قانداق پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.



تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار، كۆچۈرۈپ يېزىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

بىر يىل 365 كۈن، 12 ئاي، تۆت پەسىل بولىدۇ. بىر پەسىل ئۈچ ئاي بولىدۇ، بىر ئاي تۆت ھەپتە بولىدۇ، بىر ھەپتە 7 كۈن بولىدۇ.



# ئېلىپبەنى تۈگەتتىم

غۇنچەم مەكتەپتىن ناھايىتى خۇشال قايتىپ
كەلدى ـ دە ، دادىسىغا :
ـ دادا، مەن ئېلىپبەنى تۈگەتتىم، ـ دېدى.
دادىسى خۇشال بولۇپ ،غۇنچەمگە :
ـناھايىتى ياخشى بولۇپتۇ. قېنى ئوقۇپ
بېقىڭا، قىزىم، ـ دېدى.
غۇنچەم « ئېلىپبە » كىتابىدىكى بىر تېكىستىنى

قىلچە دۇدۇقلىماي ئوقۇپ بەردى.

دادىسى:

-بارىكاللا، قىزىم، ياخشى ئۆگىنىپسىز،-دېدى-دە، غۇنچەمنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى ھەم سىزگە ئەمدى تۈرلۈك ياخشى كىتابلارنى ئېلىپ بېرىمەن، تىرىشىپ ئوقۇڭ، چوڭ بولغاندا يارامىلىق ئادەم بولۇپ، ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن تۆھپە قوشۇڭ،-دېدى.

غۇنچەم دادىسىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

-دادا، مەن چوقۇم ئۈمىدىڭىزنى ئاقلايمەن،-دېدى.

1. بۇ تېكىستنى توغرا، راۋان ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

2. تېكىستنى سىنىپ دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.



# بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز

بىزنىڭ ۋەتىنىمىز ــ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى ــ بېيجىڭ. دۆلەت بايرىقىمىز بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق. 1-ئۆكتەبىر ــ دۆلەت بايرىمىمىز.

بىز ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيىمىز. بىز ۋەتەننىڭ ئوغۇل ــ قىزلىرى. بىز تىرىشىپ ئوقۇپ ۋەتىنىمىزنى گۈللەندۈرىمىز.

بۇ تېكىستنى ئوقۇپ چىقىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

# ئانا مەكتىپىم

ئەجەب مېھرىبان،
بەكمۇ قەدىردان.
سۆيۈملۈك ماكان،
ئانا مەكتىپىم.

نۇرنى چاچقان،
دىلنى يورۇتقان.
ئۇ گويا قۇياش،
ئانا مەكتىپىم.



شېئىرنى توغرا، راۋان ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

# بىزنىڭ ئائىلە

بىزنىڭ ئائىلىدە ئالتە جان ئادەم بار. بوۋام، موما، دادام، ئاپام، مەن ۋە ئۇكام. بوۋام بىلەن موماملەم ئىلىشقا چىقتى، دادام زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ. ئاپام دوختۇر. مەن 1-سىنىپتا ئوقۇيمەن. ئۇكام باللار باغچىسىدا تۇرىدۇ.

كەچقۇرۇن ھەممىمىز جەم بولۇپ، كۇندۈزى كۆرگەن، ئاڭلىغان ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىمىز. بىزنىڭ ئائىلە بەكمۇ كۆڭۈللۈك، ھەممىمىز بىر-بىرىمىزگە كۆيۈنىمىز. مەن ئائىلىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمەن.



تېكىستنى توغرا، راۋان ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.



# ئاي بولدى كىچىك كېمەم

ئورغاق ئايغا ئولتۇردۇم،
ئاي بولدى كىچىك كېمەم.
كۆردۈم سانسىز يۇلتۇزنى،
كۆك ئارا كېزىپ ھەردەم.

يۇقىرىدىكى رەسىمنى دىققەت بىلەن كۆزىتىڭلار، ئاندىن شېئىرنى ئوقۇڭلار. ئاي نېمىگە ئوخشايدۇ؟ بالا ئايغا ئولتۇرۇپ كۆك ئاسماندا نېمىلەرنى كۆردى؟ سۆزلەپ بېقىڭلار.

# تەبىئەتنىڭ گەپلىرى

شىلدىر-شىلدىر-شىر...،
ئېرىقتا سۇلار.
سۇنىڭ ئىچىدە،
ئۈزەر بېلىقلار.



ھاۋ- ھاۋ- ھاۋ ...،
ھاۋشىدۇ كۈچۈك.
ئانىسى كەلسە،
قىلىقى چۈچۈك.





قو- قو- قوق ...،
مېكىيان چىللايدۇ.
بالىلىرىغا،
قۇرت ئىلغايدۇ.

مۆ- مۆ- مۆ ...،
مۆرەيدۇ كالام.
دەيدۇ ئېمىۋال،
موزىيىم بالام.





گۈر ـ گۈر ـ گۈر...،
شامالـلار ئۇچتى.
دەرەخ شاخلىرى،
ئۇسسۇلغا چۈشتى.

مە ـ مە ـ مە...
مەرەيدۇ قويلار.
قورسىقى ئاچتى،
سەن بۇنى ئويلا.





قاق ـ قاق ـ قاق...،
قاغا قاقىلدار.
ئوزۇق تاپالماي،
نەپسى تاقىلدار.

بۇ شېئىرغا ئاساسەن، روللارغا بۆلۈنۈپ ئويۇن ئويناپ باقايلى.

# رەسىمگە قاراپ سۆزلەش







# قوٴيرۇق سىلىشتۇرۇش



ئۇزۇن كىمنىڭ قوٴيرۇقى ؟
قىسقا كىمنىڭ قوٴيرۇقى ؟
يەلپۈگۈچكە ئوخشايدۇ،
ئېيتىڭ كىمنىڭ قوٴيرۇقى ؟





مايمۇن ئۇزۇن قوٴيرۇقكەن ،
توشقان قىسقا قوٴيرۇقكەن،
تىيىنچاقنىڭ قوٴيرۇقى ،
يەلپۈگۈچكە ئوخشاركەن ،



ئەگرى كىمنىڭ قۇيرۇقى ؟
ياپىلاق كىمنىڭ قۇيرۇقى ؟
ھەممىدىن چىرايلىقكەن،
ئېيتىڭ كىمنىڭ قۇيرۇقى ؟



خوراز ئەگرى قۇيرۇقكەن ،
ئۆردەك ياپىلاق قۇيرۇقكەن ،
قاراڭ تۇزنىڭ قۇيرۇقى ،
ھەممىدىن چىرايلىقكەن .



سوئال سوراپ ،جاۋاب بېرىش ئويۇنى ئويناپ باقايلى .

## تۆۋەندىكى ھايۋانلارغا قۇيرۇق سىزىپ بېرىڭلار.



كالا ·



ئات



مايمۇن



توشقان



بېلىق



خوراز

## كۆكتاتلارنى ئۆز رەڭگى بويىچە بوياڭلار .



مۇچ



پۇرچاق



تەرخەمەك



پەمىدۇر



پېدىگەن



كاۋا

# قىزىقارلىق ئويۇنلار



1. سىلەر قايسى ئويۇنلارنى ئويناپ باققان ؟ قايسى ئو-
يۇنلار ئەڭ قىزىقارلىق ئىكەن ؟

2. تېخى ئويناپ باقمىغان ئويۇنلار بولسا، باشقا ساۋاق-
داشلىرىڭلاردىن ئۇ ئويۇنلارنى قانداق ئوينايدىغانلىقىنى
سوراپ بىلىۋېلىڭلار.

3. بىزمۇ يۇقىرىقى ئويۇنلارنى ئويناپ باقايلى!




نەسىردىن ئەپەندىم بىر ھورۇندىن سوراپتۇ:

- بۇرادەر، ھال-ئەھۋالىڭىز قانداقراق ؟

- يامان ئەمەس ، تاپسام يەيمەن، تاپالمىسام قانائەت قىلىپ يۈرۈۋېرىمەن ، - دەپتۇ ھورۇن .

- ئەمىسە سىز شەھىرىمىزنىڭ لاللما ئىتلىرىغا ئوخشاپ قاپسىز! - دەپتۇ ئەپەندىم .

1. لەتىپىنى ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار .
2. ھورۇنلۇق ھەققىدە سۆزلەپ بېقىڭلار.
3. بۇ لەتىپىنى چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

# ئۆڭكۆردىكى ئېيىقچاق



ئېيىقچاقنىڭ ئۆيى تاغ ئۆڭكۆرىدە ئىكەن.
بىر كۈنى دادىسى ئېيىقچاققا:
ــ بىز دەرەخ كېسىپ كېلىپ، ياغاچتىن ئۆي يا-
ساپ، شۇ ئۆيدە تۇرايلى، ــ دەپتۇ.



باھار كەلگەندە، ئۇلار ئورمانلىققا بېرىپتۇ. بۇچاغدا،

دەرەخــلەر بىخ سۇرۇپ چىچــەكلىگەن ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ، ئيسقچاقنىڭ دەرەخلەرنى كيسىشكە كۆزى قيماپتۇ.



ياز كەپتۇ. ئۇلار يەنە ئورمانلىققا بيرىپتۇ. بۇچاغدا دەرەخلەر بۆك - باراقسان بولۇپ كەتكەن ئىكەن. ئيسقچاقنىڭ دەرەخلەرنى كيسىشكە پەقەتلا كۆزى قيماپتۇ.



كۈز كەپتۇ. ئۇلار يەنە ئورمانلىققا بېرىپتۇ. بۇ چاغدا دەرەختە مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن ئىكەن. ئېيىقچاق-نىڭ دەرەخلەرنى كېسىشكە زادىلا كۆزى قىيماپتۇ.



قىش كەپتۇ. ئۇلار يەنە ئورمانلىققا بېرىپتۇ. بۇ چاغدا قۇشلار دەرەخلەرگە چاڭگا تىزغان ئىكەن. ئېيىقچاق-نىڭ دەرەخلەرنى كېسىشكە يەنىلا كۆزى قىيماپتۇ.



ئايلار ئۆتۈپتۇ ، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئۇلار داۋاملىق تاغ ئۆڭكۈرىدە ياشاۋېرىپتۇ.

ئورمانلىقتىكى ھايۋانلار ئېيىقچاقنىڭ ئائىلىسىد- كىلەردىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ ، ئۇلارغا دەستە- دەستە ياۋا گۈللەرنى تەقدىم قىلىشىپتۇ.

1. تېكىستنى توغرا، راۋان ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.
2. تېكىستنى باشقىلارغا ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بېرىڭلار.

جاۋابىنى تېپىپ باقاي.

ئورمانلىقتا نېمە ئەڭ كۆپ ؟



# بۆجەننىڭ كاۋا يۆتكىشى







ئويلىنىپ سۆزلەپ بېقىڭلار:

بۆجەن قانداق ئامال بىلەن كاۋىنى ئۆيگە ئېلىپ باردى ؟

نېمە ئۈچۈن ؟

# ئۇيغۇر 32 ھەرپىنىڭ يېزىلىش تەرتىپى



ي ى ې

م ج چ

خ غ ق

ف د ھ

ۋ ژ ل

ك گ ڭ

义务教育课程标准实验教科书

**识字课本**

经新疆维吾尔自治区中小学教材审定委员会2003年审查通过

（维吾尔文）

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باستى

*

فورماتى : 890×1240 ، 1/32 ؛ باسما تاۋىقى : 3

2003 - يىل 6 - ئاي 1 - نەشرى

2007 - يىل 6 - ئاي 5 - بېسىلىشى

تىراژى : 1 — 171 700

ISBN978 — 7 — 5370 — 4526 — 1

باھاسى : 3.55 يۈەن

نەشر ھوقۇقى بىزدە ، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ .

بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ .

ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 - نومۇر

پوچتا نومۇرى :830049 ؛ تېلېفون نومۇرى :2870654، 2863761 (0991)



مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: شاھىدە يۈسۈپ

ISBN 978-7-5370-4526-1

9 787537 045261 >

باھاسى : 3.55 يۈەن